## 90143 ـ بىر نەچچە كۈن ياكى ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋاقىت نامازنى تەرك قىلغانلىق توغرىسىدا

### سوئال

بەزى ۋاقىتتا شەيتان مېنى ئانانىزىم قىلىشقا قۇترىتىدۇ، بۇ ئىش مېنى بىر كۈن ياكى ئىككى كۈن ياكى بىر قانچە كۈن ياكى ئۇنىڭدىن ئازراق ۋاقىت نامازنى تەرك قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ، مەن نېمە قىلىشىم كېرەك؟، تەرك قىلغان نامازلىرىمنى قايتا ئوقۇشۇم كېرەكمۇ ياكى خاتالىقىمغا كاپارەت بولىشى ئۈچۈن نەپلە نامازلارنى كۆپ ئوقۇشۇم كېرەكمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

سىز ئىنسانىنىڭ شان-شەرىپى، ئەركەكلىكىگە داغ چۈشۈرىدىغان بۇنداق ناچار قىلىقنى تېزدىن تەرك قىلىڭ، ئىلگىرى بىز بۇ ھەقتە 329ـ نومۇرلۇق سوئالنىڭ جاۋابىدا بۇنداق قىلىشنىڭ چەكلەنگەن – ھارام ئىش ئىكەنلىكىنى دەلىللەر بىلەن تەپسىلى بايان قىلدۇق.

نامازنى تەرك قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن ئاللاھقا تەۋبە قىلىشىڭىز كېرەك، نامازنى تەرك قىلىش دېگەن چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ، ھەتتا بەزى ئالىملارنى ئۆزۈرسىز نامازنى تەرك قىلىشنى كۇپۇرلۇق دەپ قارايدۇ.

ئاللاھ تائالاغا تەۋبە قىلىش تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك ئىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: خاتالىقتىن قول ئۈزۈش، قىلغان قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىش ۋە بۇ چەكلەنگەن ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىق ئىرادىسىگە كېلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكەن نامازلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن نەپلە نامازلارنى كۆپ ئوقۇڭ، بۇ توغرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ئىنسانلار قىيامەت كۈنى تۇنجى قېتىم ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەللىرىدىن نامازنىڭ ھېسابىنى بېرىدۇ، ئاللاھ تائالا بىلىپ تۇرۇپ پەرىشتىلەرگە: بەندەمنىڭ نامىزى تولۇقمىكەن ياكى تولۇق ئەمەسمىكەن قاراپ بېقىڭلار، ئەگەر تولۇق بولسا، تولۇق دەپ يېزىڭلار، ئەگەر نامازدىن بىرەر نەرسە تولۇق بولمىسا، بەندەمنىڭ نەپلە نامازلىرى بارمۇ قاراپ بېقىڭلار،

ئەگەر نەپلە نامازلىرى بولسا، بەندەمنىڭ پەرىز نامازدىن تولۇق بولمىغانلىرىنى نەپلە نامازلىرى بىلەن تولۇقلاڭلار، ئاندىن كېيىن قالغان ئەمەللىرى شۇ بويىچە ھېساپلىنىدۇ. [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى 864-ھەدىس].

ئاللاھ تائالادىن بىزنى، سىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى ئەپۇ قىلىشىنى، سالامەت قىلىشىنى ۋە دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشىنى سورايمىز.

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.